# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 6 - ئاي
14
جۈمە
维吾尔文 6月14日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65–0002/–W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24725 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خو شياۋگۇاڭ، لى جىخۇي)** شۇ يەر ۋاقتى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچتە، ئەمدىلا بىشكەككە يېتىپ بارغان دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن زۇڭتۇڭ سارىيىغا كەلدى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى سەممىي كۆرۈشتى.

يازدىكى بىشكەك كېچىسىنىڭ مەيىن شامىلى كىشىگە ھۇزۇر بېرەتتى. زۇڭتۇڭ سارىيىدا رەڭگارەڭ پانۇسلار نۇر چېچىپ تۇراتتى. شى جىنپىڭ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يېتىپ بارغاندا، ژېنبېكوۋ ۋە رەپىقىسى ساراي دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈۋالدى.

ئازادە، دوستانە كەيپىياتتا ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى جۇڭگو - قىرغىزستان ئەنئەنىۋى دوستلۇقى توغرىسىدا كەڭ - كۇشادە سۆزلەشتى، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسى توغرىسىدا ئورتاق كېڭەشتى ھەم ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ بىلەن سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خو شياۋگۇاڭ، لى جىخۇي، ۋاڭ شېن)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بىشكەكتە قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى جۇڭگو - قىرغىزستان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق نەتىجىلىرىگە يۇكسەك باھا بەردى، جۇڭگو - قىرغىزستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشقا بىردەك قوشۇلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن قىرغىزستان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 27 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، باراۋەر ھەمكارلىشىدىغان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭىچە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى. مەن زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان دوستانە قەتئىي مەيدانىنى ساقلىغانلىقىنى ئالقىشلايمەن. جۇڭگو تەرەپ ئىلگىرىكىدەكلا قىرغىزستاننىڭ ئۆز ئالدىغا تاللىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنى قوللايدۇ، قىرغىزستان ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن يولغا قويغان ئىچكى - تاشقى سىياسىتىنى قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزستان تەرەپ بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو بىلەن قىرغىزستاننىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ. بىز قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆزئارا قوللاشنى زورايتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرساقلا، جۇڭگو بىلەن قىرغىزستاننىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش يولى بارغانسېرى كېڭىيىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش جۇڭگو - قىرغىزستان ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى بولۇپ قالدى. يېڭى ۋەزىيەتتە، ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىرىنى چوڭقۇر ئۇدۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، يېڭى ھەمكارلىق بوشلۇقىنى ئېچىشى كېرەك. ئىقتىساد - سودا سېلىنمىسى ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىپ، ئالاقىدار ئۇلىنىش ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزستاننىڭ تېخىمۇ كۆپ يېشىل، ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزستاننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى داۋاملىق قوللايدۇ، قىرغىزستان تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئىچىدىغان سۇ، يول، دوختۇرخانا قاتارلىق تېخىمۇ كۆپ خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىنى ياخشى يولغا قويىدۇ. ئىككى تەرەپ ئادەمىيەت ۋە يەرلىكلەر ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ يەرلىكلەر ھەمكارلىقىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. خەۋپسىزلىك ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، «ئۈچ خىل كۈچ»، دۆلەت ھالقىغان تەشكىللىك جىنايەت، زەھەر ئەتكەسچىلىكى قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بىشكەكتە قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ بىلەن سۆھبەتلەشتى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **لى شۆرېن** فوتوسى

# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئافغانىستان زۇڭتۇڭى غەنى، قازاقىستان زۇڭتۇڭى توقايېۋ، ھىندىستان زۇڭلىسى مودى بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار ۋېن شىن، خاۋ ۋېيۋېي)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بىشكەكتە ئافغانىستان زۇڭتۇڭى غەنى بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ ئافغانىستان مۇستەقىللىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىدى، ئافغانىستاننىڭ تىنچلىق، مۇقىملىق، تەرەققىياتنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن ئافغانىستان ئەنئەنىۋى دوست قوشنا ۋە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلار. جۇڭگو تەرەپ ئافغانىستان تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش رامكىسىدا، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد - سودا ئەمەلىي ھەمكارلىق تۈرلىرىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىش پرىنسىپى بويىچە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى قوللاشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئافغانىستاننىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىگە ئىلگىرىكىدەكلا ياردەم بېرىدۇ، ئافغانىستان تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورچى كۈچلىرىگە زەربە بېرىشنى داۋاملىق قەتئىي قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ «ئافغانىستانلىقلار رەھبەرلىك قىلىش، ئافغانىستانلىقلار ئىگىدارلىق قىلىش»تىن ئىبارەت كەڭ دائىرىدىكى كەڭ قورساقلىق بىلەن يارىشىش مۇساپىسىنى قوللايدۇ، داۋاملىق ھەر خىل يوللار ئارقىلىق پائال تۈردە يارىشىشقا دەۋەت قىلىپ، سۆھبەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئىچكى جەھەتتە سۆزلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئافغانىستاننىڭ پاكىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئۆزئارا ئىشەنچىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللايدۇ. بىز جۇڭگو، ئافغانىستان، پاكىستان ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشنى خالايمىز.

غەنى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن. جۇڭگو ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش مۇساپىسىنى قوللاشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، 21 - ئەسىردە يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئۈلگىسى. ئافغانىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئافغانىستاننىڭ تىنچ يارىشىش مۇساپىسى، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىدا جارى قىلدۇرغان ئاكتىپ رولىغا رەھمەت ئېيتىدۇ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۈچ خىل كۈچ»كە ئورتاق زەربە بېرىشكە كۈچ چىقىرىدۇ، ئۆزىنى قايتا قۇرۇش تەرەققىيات يىرىك پىلانى بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، تېخىمۇ قويۇق بولغان ئافغانىستان - جۇڭگو ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى جىخۇي، ۋاڭ شېن)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بىشكەكتە قازاقىستان زۇڭتۇڭى توقايېۋ بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ توقايېۋنىڭ قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلىدى، توقايېۋنىڭ جۇڭگو - قازاقىستان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىگە يۇكسەك باھا بەردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو - قازاقىستان مۇناسىۋىتى پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىپ، تارىختىن بۇيان مۇستەھكەملەندى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان 27 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو - قازاقىستان مۇناسىۋىتىدە ھالقىما تەرەققىيات ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ نەچچە ئەۋلاد رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاسرىشى ۋە ئىرادە بىلەن تۈرتكە بولۇشىنىڭ نەتىجىسى، بىز ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ئۇلى مۇستەھكەم، يۆنىلىشى ئېنىق، قەدىمى مەزمۇت. ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق زور يۆنىلىشنى پۇختا، ياخشى ئىگىلەپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ «نۇرلۇق يول» يېڭى ئىقتىساد سىياستى بىلەن ئۇدۇللىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو - قازاقىستان ھەمكارلىقىنى ئىككى دۆلەت ۋە ئۆز رايونىدىكى خەلققە كەڭ دائىرىدە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان قىلىشى كېرەك. سودا ۋە سېلىنمىنى قولايلاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، يېزا ئىگىلىكى، يۇقىرى تېخنىكا، پۇل مۇئامىلە، قاتناش ئەشيا ئوبوروتى، يەرلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىق ئېشىش نۇقتىسىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشى كېرەك. ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، ئىككى دۆلەت ياشلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. بىز قازاقىستان تەرەپ بىلەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋە ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى رامكىسىدا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، رايون خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى خالايمىز.

توقايېۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مېنىڭ قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا تەيىنلەنگەنلىكىمنى تەبرىكلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن. جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش قازاقىستاننىڭ تاشقى سىياستىدە داۋاملىق ئاساسلىق ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدىغان يۆنىلىش بولىدۇ، بۇ، قازاقىستاننىڭ تەرەققىياتى ۋە رايون مۇقىملىقى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ مۇراسىمغا قاتنىشىپ، قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ بەرگەن «ماناس» 1 - دەرىجىلىك ئوردېنىنى قوبۇل قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جېڭ شياۋيى، لىيۇ چاڭ)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بىشكەكتە مۇراسىمغا قاتنىشىپ، قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ بەرگەن «ماناس» 1 - دەرىجىلىك ئوردېنىنى قوبۇل قىلدى.

ئوردېن بېرىش مۇراسىمى ئارالچا دۆلەت مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. قىرغىزستان تەرەپنىڭ ئېلانچىسى زۇڭتۇڭنىڭ ئوردېن بېرىش پەرمانىنى ئوقۇدى، ژېنبېكوۋ شى جىنپىڭغا «ماناس» 1 - دەرىجىلىك ئوردېنىنى بەردى. «ماناس» ئوردېنى قىرغىزستاننىڭ دۆلەتلىك ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى بولۇپ، قىرغىزستان زۇڭتۇڭى بېرىدۇ، بۇ ئوردېن ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلغان بولۇپ، 1 - دەرىجىلىكى ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ھېسابلىنىدۇ.

ژېنبېكوۋ شى جىنپىڭنىڭ قىرغىزستان - جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى، قىرغىزستاننىڭ جۇڭگونىڭ ئۇزاقتىن بۇيان بېرىۋاتقان قىممەتلىك مەدەتى ۋە ياردىمىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ قىرغىزستان - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: زۇڭتۇڭ ژېنبېكوۋنىڭ ماڭا «ماناس» 1 - دەرىجىلىك ئوردېنىنى بەرگەنلىكى قىرغىزستان خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقىنى تولۇق نامايان قىلدى، مەن بۇنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن. مەن زۇڭتۇڭ ژېنبېكوۋ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو - قىرغىزستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ نەپ يەتكۈزۈشنى خالايمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

### چېن چۇەنگو «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى

# شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

**جېن دىشۈي، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى**

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركىزى 6 - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جېن دىشۈي قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى سۈن جىنلۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن قاتارلىقلار قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)